# شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 6 - ئاي
10
دۈشەنبە
维吾尔文 6月10日

新疆日报网：www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65-0002/-W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24722 - سان بۈگۈن 4 بەت


## شى جىنپىڭ قىرغىزىستان، تاجىكىستاندا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولىدۇ ھەم شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر باشلىقلىرى كېڭىشىنىڭ 19 - قېتىملىق يىغىنىغا، ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشىنىش تەدبىرلىرى يىغىنىنىڭ 5 - قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىغا قاتنىشىدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تېلېگراممىسى** تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى لۇ كاڭ 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى مۇنداق جاكارلىدى: قىرغىز جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى ژېنبېكوۋنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە قىرغىز جۇمھۇرىيىتىدە دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولىدۇ ھەم بىشكەكتە ئۆتكۈزۈلىدىغان شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر باشلىقلىرى كېڭىشىنىڭ 19 - قېتىملىق يىغىنىغا قاتنىشىدۇ.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى «شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش تېزىسى»نى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تېلېگراممىسى** يېقىندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى «شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش تېزىسى»نى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى. تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى پارتىيە جەزمەن ئۇزاققىچە چىڭ تۇرىدىغان يېتەكچى ئىدىيە قىلىپ بېكىتىلدى ھەم پارتىيە نىزامنامىسىگە كىرگۈزۈلدى، 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىدا ماقۇللانغان ئاساسىي قانۇن تۈزىتىلمىسىدە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈلۈپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسىنىڭ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى، ماركسىزمنى جۇڭگولاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىسى، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئەمەلىيەت تەجرىبىسى ۋە كوللېكتىپ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىدىكى ھەرىكەت كۆرسەتمىسى، ئۇنىڭدا جەزمەن ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇش ھەم ئۇنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## «شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش تېزىسى» نەشر قىلىپ تارقىتىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تېلېگراممىسى** شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، مەركەزنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى «شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش تېزىسى»(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «تېزىس» دېيىلىدۇ) ناملىق كىتابنى تەشكىللەپ تۈزدى، ئۆگىنىش نەشرىياتى، خەلق نەشرىياتى بىرلىشىپ نەشر قىلدى، بۈگۈندىن باشلاپ پۈتۈن مەملىكەتتە تارقىتىلىدۇ.

«تېزىس» جەمئىي 21 باب، 99 تارماق، 200 ماددا بولۇپ، 150 مىڭ خەتكە يېقىن. كىتابتا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى پارتىيە ۋە دۆلەت جەزمەن ئۇزاققىچە چىڭ تۇرىدىغان يېتەكچى ئىدىيە دېگەن بۇ باش تېما زىچ چۆرىدىلىپ، «سەككىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇش» ۋە «14تە چىڭ تۇرۇش» يادرولۇق مەزمۇن ۋە مۇھىم ئاساس قىلىنىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق شەرھلەنگەن، كەڭ كادىرلار، ئاممىنىڭ بۇ ئىدىيەنىڭ ئاساسىي روھى، ئاساسىي مەزمۇنى، ئاساسىي تەلىپىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشى، ئىگىلىشىگە، تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا كاللىنى قوراللاندۇرۇشى، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىشى، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشىغا پايدىلىق. «تېزىس»نىڭ مەزمۇنى مول، قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، رەتلىك بولۇپ، ئەسلىي تېكىست، ئەسلىي ئەسەرگە سادىق بولۇنغان، ئىزچىللىق ئۇسلۇبى جانلىق، پۇختا، بۇ، پۈتۈن پارتىيەنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشىدىكى مۇھىم ئۆگىنىش ماتېرىيالى، كەڭ كادىرلار، ئاممىنىڭ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشى، ئۆزلەشتۈرۈشىدىكى مۇھىم ياردەمچى ئوقۇشلۇق.

## «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 1 - تومىنىڭ قىرغىزچە نەشرىنى تۇنجى تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بىشكەك، 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىر گۇەن جيەنۋۇ)** «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 1 - تومىنىڭ قىرغىزچە نەشرىنى تۇنجى تارقىتىش مۇراسىمى ھەم جۇڭگو - قىرغىزىستان دۆلەتنى ئىدارە قىلىش مۇھاكىمە يىغىنى 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى بىشكەكتىكى زۇڭتۇڭ قەسرىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى پائالىيەتنى جۇڭگو گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى، جۇڭگو چەت ئەل تىل - يېزىق نەشرىياتچىلىق - تارقىتىش ئىشلىرى ئىدارىسى، جۇڭگونىڭ قىرغىزىستاندا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان. قىرغىزىستان زۇڭتۇڭى ژېنبېكوۋ، قىرغىزىستاننىڭ سابىق زۇڭتۇڭى ئوتۇنبايېۋا، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى ۋاڭ شياۋخۇي، جۇڭگونىڭ قىرغىزىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى دۇ دېۋېن پائالىيەتكە قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

جۇڭگو - قىرغىزىستان ئىككى دۆلەتنىڭ ھەر ساھە ۋەكىللىرى مۇنداق بىلدۈردى: «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 1 - تومىنىڭ قىرغىزچە نەشرىنىڭ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشى قىرغىزىستان خەلقىنىڭ زامانىمىزدىكى جۇڭگونى ۋە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر چۈشىنىشىنى نوپۇزلۇق پايدىلانما بىلەن تەمىنلىدى، بۇ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ قول تۇتۇشۇپ مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ ئورتاق تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرىدۇ.

## مەدەنىيلىك نۇرى گۈللىنىش يولىنى يورۇتتى

### —— يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەدەنىيەت ۋە تەبىئىي مىراسلارنى قوغداش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى توغرىسىدا خاتىرە

□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى شى يۈسىن، ۋۇ جىڭ، خۇ خاۋ

تارىخنىڭ ئەزىم دەرياسى توختىماي ئۆركەشلەپ ئاقماقتا، شانلىق جۇڭخۇا مەدەنىيلىكى خاسلىققا ئىگە؛ 5000 يىلدىن ئارتۇق ئەۋلادمۇئەۋلاد ياشاپ كەلگەن قەدىمىي جۇڭخۇا مىللىتى دۇنيانىڭ شەرقىدە قەد كۆتۈردى.

مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشتىن تەبىئىي مىراسلارنى قوغداشقىچە؛ ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى كۈچەيتىشتىن غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇشقىچە… پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يېڭى تارىخىي ئورۇندا تۇرۇپ، مەدەنىيەت يىلتىزىنى ساقلاپ قېلىش، مىللەت روھىنى ساقلاشتەك ئىستراتېگىيەلىك يۈكسەكلىكتىن مەدەنىيەت ۋە تەبىئىي مىراسلارنى قوغداش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە ئۇنىڭغا تۈرتكە بولۇپ، بىر قاتار مۇھىم يوليورۇق ۋە ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرمىلارنى ئوتتۇرىغا قويدى.

زامان - ماكان ھالقىپ جۇلالىنىپ تۇرغان مەدەنىيلىك نۇرى مىليونلىغان جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ قەلبىدىكى تېخىمۇ سالماق، تېخىمۇ ئۇزاققىچە داۋاملىشىدىغان كۈچنى ئۇرغۇتۇپ، مىللەتنىڭ گۈللىنىش يولىنى يورۇتتى.

### ئېگىزدە تۇرۇپ يىراققا نەزەر سېلىش، ئومۇمىيەتنى كۆزلەپ پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇش

**—— دۆلەتكە، مىللەتكە، ئەۋلادلارغا مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيەسى بىلەن، باش شۇجى شى جىنپىڭ يۈكسەك تارىخىي ئاڭلىقلىق ۋە مەدەنىيەت ئىشەنچى بىلەن، دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت ۋە تەبىئىي مىراسلارنى قوغداش خىزمىتىگە يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى**

دۇەنۋۇلۇق دەم ئېلىشتا، شەندۇڭ زاۋجۇاڭدىكى تەيئېرجۇاڭ ساياھەتچىلەر بىلەن لىق تولدى، ساياھەتچىلەر چوڭ قانال بويىدا سەيلە قىلدى.

سەھەردە شەپەق نۇرى دەريا يۈزىگە چۈشكەن بولۇپ، كېمىلەر موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇراتتى؛ كەچ كىرگەندە پالاق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ، چىراغلارنىڭ شولىسى چۈشۈپ، دەريا بويى ئەللىك ماكانىغا ئايلانغانىدى… گۈزەل مەنزىرىدىن مەستخۇش بولغان كىشىلەر جەنۇب، شىمالدىكى بەش چوڭ سۇ سىستېمىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، سەككىز ئۆلكە، شەھەردىن ئېقىپ ئۆتىدىغان بۇ سۇنئىي قانالنىڭ بىر مەھەل يەرلەرنى تىندۇرۇپ ئىگىلىۋېلىش، ئېكولوگىيەسى بۇلغىنىش قاتارلىق نۇرغۇن قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كەلگەنلىكىنى ئاسانلىقچە تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى.

بىپايان زېمىننى ئوزۇقلاندۇرۇۋاتقان، مىليونلىغان ئاۋامنى بېقىۋاتقان، 2500 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە چوڭ قانال قانداق قىلغاندا تېخىمۇ قەدىر - قىممىتى، تېخىمۇ شان - شەرىپى بىلەن «مەۋجۇت» بولۇپ تۇرالايدۇ؟

2017 - يىلى 6 - ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ چوڭ قانال مەدەنىيەت بەلبېغى قۇرۇش توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بەردى: چوڭ قانال ئەجدادلىرىمىز بىزگە قالدۇرغان قىممەتلىك مىراس، كۆچمە مەدەنىيەت، ئۇنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى قوغداش، ياخشى ۋارىسلىق قىلىش، ياخشى پايدىلىنىش كېرەك.

مىراسلار ئارخىپى تۇرغۇزۇلدى، كۆزىتىپ ئۆلچەش سىستېمىسى ئورنىتىلدى، دۇنياۋى مەدەنىيەت مىراسى بولغان چوڭ قانالنى قوغداش توغرىسىدا بىر قاتار يەرلىك نىزاملار چىقىرىلدى، چوڭ قانال مەدەنىيەت بەلبېغى مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش توغرىسىدىكى مەخسۇس تېمىلىق تەتقىقات دوكلاتى تاماملاندى، «چوڭ قانال مەدەنىيىتىنى قوغداش، ۋارىسلىق قىلىش ۋە پايدىلىنىش يىرىك پىلان تېزىسى» بېسىپ تارقىتىلدى…

(ئاخىرى 3 - بەتتە)




### قومۇش كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىش   ئېكولوگىيەلىك بېلىقچىلىق تەرەققىياتىنى تېزلىتىش

## جۇڭتەي گۇرۇھى يېشىل كەسىپ تەرەققىياتىنى تولۇق جانلاندۇردى

□گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرى رېن جياڭ، لۇ فېڭباۋ، شيې لۇك، ۋاڭ چىمىڭ

5 - ئايدىكى باغراش كۆلىدە ئاپپاق دولقۇنلار مەۋج ئۇرۇپ، قويۇق قومۇشلار يەلپۈنۈپ، سۇ قۇشلىرى پەرۋاز قىلىپ، جۇشقۇن مەنزىرە شەكىللەنگەندى.

قومۇش تېرىش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئورۇش - يىغىش، ساقلاش - توشۇش، بوتقا ياساش، قەغەز ياساشتىن بېلىق تۇتۇش، پىششىقلاش ھەمدە يۇندىنى تىزگىنلەشكىچە… شىنجاڭ جۇڭتەي (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى جۇڭگودىكى بۇ ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق تاتلىق سۇ كۆلىنى قەغەز قىلىپ، ئۇنىڭغا يېشىل كەسىپ تەرەققىيات چوڭ ئەسىرىنى رەڭدار قىلىپ پۈتۈپ چىقتى.

**ئىشلەپچىقىرىش مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، باغراش كۆلىدىكى قومۇشلار ھاياتىي كۈچكە تولدى**

شىنجاڭ جۇڭتەي شىڭۋېي بىيوپېن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش رايونىدا، ئەسلىي رەڭلىك قومۇش بوتقا تاختايلار ئۈزۈلمەي ئىشلەپچىقىرىلىۋاتاتتى.

«2018 - يىلى 3 - ئايدا، تۆت يىلدىن ئۇزاق ۋاقىت توختىتىپ قويۇلغان ئۈسكۈنە قوزغىتىلىپ ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ بېشىدا، ئۈسكۈنە ئارقىلىق ئەسلىي رەڭلىك لاياقەتلىك قومۇش بوتقا تاختاي ئىشلەپچىقىرىلدى، ھازىر كۈنىگە 300 توننا بوتقا تاختاي ئىشلەپچىقىرالايدىغان بولدى، مەھسۇلاتلار پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرى ھەم خىبېي، سىچۈەن قاتارلىق جايلارغا سېتىلدى، تەمىنات ئېھتىياجنى قاندۇرالمىدى» دېدى 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى جۇڭتەي شىڭۋېينىڭ باش مۇدىرى، باش دىرېكتورى سۇڭ جىمىن تونۇشتۇرۇپ.

جۇڭتەي شىڭۋېي جۇڭتەي گۇرۇھىنىڭ تولۇق كونتروللۇقىدىكى بالا شىركەت بولۇپ، 2017 - يىلى جۇڭتەي گۇرۇھىنىڭ ئەسلىدىكى شىنجاڭ باغراش قومۇشچىلىقى پاي چەكلىك شىركىتىنى قايتىدىن تەشكىللىشى بىلەن قۇرۇلغان، ئاساسلىق تىجارىتى قومۇش تېرىش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئورۇش - يىغىش، ساقلاش - توشۇش، بوتقا ياساش، قەغەز ياساش، سېتىش ھەم تېخنىكا جەھەتتىن مەسلىھەت بېرىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## دۇەنۋۇلۇق دەم ئېلىش مەزگىلىدە شىنجاڭ كۈتۈۋالغان ساياھەتچى 3 مىليون 840 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئاشتى

### ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 43.25% ئاشتى

مۇخبىرىمىز رېن جياڭ خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، ئۈچىنچى تەرەپ شىركەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئىستاتىستىكا قىلىشىچە، دۇەنۋۇلۇق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، شىنجاڭ بويىچە كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى جەمئىي 3 مىليون 843 مىڭ ئادەم قېتىم بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 43.25% ئاشقان؛ ئىشقا ئاشۇرۇلغان ساياھەت كىرىمى 3 مىليارد 888 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 55.36% ئاشقان.

«شىنجاڭلىقلار شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش» داۋاملىق قايناق بولۇش بىلەن بىللە، شىنجاڭ سىرتىدىكى ساياھەتچىلەر سانىمۇ تېز سۈرئەتتە ئاشتى. دۇەنۋۇلۇق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، شىنجاڭ بويىچە كۈتۈۋېلىنغان شىنجاڭ سىرتىدىكى ساياھەتچى 1 مىليون 44 مىڭ 900 ئادەم قېتىم بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 38.36% ئاشتى، ئىگىلىگەن نىسبىتى 27.19% بولدى.

بۇ يىل دۇەنۋۇلۇق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار ئۆز جايىنىڭ ساياھەت، مەدەنىيەت بايلىقى ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، خاسلىق ۋە يارقىن نۇقتىلارنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ساياھەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەشنى كېڭەيتىپ، مەزمۇنى مول، روشەن خاسلىققا ئىگە بىر قاتار مەدەنىيەت، ساياھەت پائالىيەتلىرىنى يولغا قويۇپ، يېڭى ساياھەت ئىستېمال قىزىق نۇقتىسىنى بەرپا قىلىپ، شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىدە يەنە ئەلا نەتىجە يارىتىشقا تۈرتكە بولدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)



6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، ساياھەتچىلەر باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ باركۆل كۆلى مەنزىرە رايونىدا سەيلە قىلماقتا. دۇەنۋۇلۇق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، مەنزىرىسى گۈزەل، ھاۋاسى يېقىشلىق باركۆل يايلىقى شىنجاڭ ئىچى - سىرتىدىن كەلگەن نۇرغۇن ساياھەتچىنى كۈتۈۋالدى. □داۋۇت رىشات فوتوسى